1978
ژىل
مارت
№6 (32)
باھاسى
2 تيىن

بىزنىڭ ۋەتەن

ياشىسۇن ئازادلىق، دوستلۇق ۋەتىنى
ئەلگىلىكتە يول ئاچقان سوۋېت ئېلى!

چەت ئەللەردىكى ۋەتەنداشلار بىلەن
مەدەنىي ئالاقە باغلاش سوۋېت
«ۋەتەن» جەمئىيىتى قازاق
شۆبىسىنىڭ گېزىتى

تاس س بايانتى

ئۇرغۇنلىغان ئايلاردىن بۇيان دۇنيا جامائەتچىلىكى قوشما شتاتلارنىڭ ئاممۇۋى قىرغىنچىلىق قۇرالىنىڭ يېڭى تۈرىنى- نېيترون بومبىسى دەپ ئاتالمىش تۈرىنى ئىشلەپ چىقىرىش پىلانلىرىنى تۈزۈشى مۇناسۋىتى بىلەن چوڭقۇر تەشۋىشلەنمەكتە. بۇ پىلانلارنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى، بەس- بەسلىشىپ قۇرال ئىشلەپ چىقىرىشتا قوشۇمچە يونۇلىشىنى ئېچىپ بېرىش دېگەن سۆز ئىكەنلىگى ۋە ئۇنىڭ يادرو ئۇرۇشىنىڭ يۈز بېرىش خەۋپىنىڭ كۈچىيىشىگە ئېلىپ كېلىدىغانلىغى خەلقلەرگە روشەن.

سوۋېت ئىتتىپاقى بۇ تېرىقىدىكى ئىستىقبالغا قەتئىي قارشى چىقماقتا. ك پ س س مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش سېكرېتارى، س س س ر ئالىي سوۋېتى رىياسىتىنىڭ رەئىسى ل. ئى. برېژنېۋ، نېيترون قۇرالىنى ئىشلەپ چىقىرىشتىن ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ۋاز كېچىشى توغرىلىق كېلىشىپ ئېلىش ھەققىدىكى روشەن ۋە كونكرېت تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ تەكلىپ ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى رەھبەرلىرىگە، ن.ئا.ت.ئو. غا قاتناشقۇچى بارلىق دۆلەتلەرنىڭ ۋە غەربىي يېۋروپىدىكى باشقا ئەللەرنىڭ ھۆكۈمەتلىرىگە تاپشۇرۇلدى.

ئېچىلىقنى مۇستەھكەملەش توغرىلىق چوڭقۇر غەمخورلۇقتىن كېلىپ چىققان سوۋېت پوزىتسىيەسى ئۇرغۇنلىغان ئەللەردىكى كەڭ دائىرىلىك ئىنكاسلارغا ئىگە بولدى ۋە قوللاپ- قۇۋۋەتلەندى. يېۋروپىدىكى ۋە باشقا قىتئەلەردىكى سوتسىيالىستىك ئەللەر مەسىلىنىڭ موشۇنداق ھەل قىلىنىشىنى قىزغىن ياقلىماقتا. غەربىي يېۋروپىدىكى بىر مۇنچە دۆلەت ئەربابلىرى نېيترون بومبىسىنى كەشىپ قىلىشنىڭ خەتەرلىك ئاقىۋەتلەرگە ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن ئىكەنلىگىگە ساغلام رەۋىشتە باھا بەرمەكتە. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ئۆز ئەللىرى تېررىتورىيەسىگە نېيترون قۇرالىنى جايلاشتۇرۇش نىيەتلىرىگە نىسبەتەن ئۆز خەلقلىرىنىڭ سەلبىي كۆز قارىشىنىمۇ تولۇق رەت قىلالمايدۇ.

لېكىن قوشما شتاتلار ۋە ن.ئا.ت.ئو. نىڭ باشقا ئەللىرىدىكى مەلۇم دائىرىلەر ئۇ پىلانلىرىدىن ۋاز كېچىشكە تەييار ئىكەنلىكلىرىنى كۆرسەتمەيۋاتىدۇ. ئەكسىنچە، كېيىنكى كۈنلەردە نېيترون قۇرالى توغرىلىق مەسىلە بويىچە قارار قوبۇل قىلىنىشىنى چاپسانلاشتۇرۇش نىيىتىنىڭ بار ئىكەنلىگىنى ئىسپاتلايدىغان خەۋەرلەر كېلىۋاتىدۇ.

بۇنىڭدىن جامائەتچىلىكنى ئېزىقتۇرۇش مەخسىتى بىلەن مۇنداق ھىيلىگەرلىك قوللىنىلماقتا: ن.ئا. ت. ئودا نېيترون قۇرالىنىڭ ئىشلەپ چىقىرىلىشقا باشلانغانلىغىنى ئېلان قىلىپ، ئۇنى غەربىي يېۋروپىغا جايلاشتۇرۇشنى مەلۇم ۋاقىتقىچە كېچىكتۈرۈشنى ۋەدە قىلىش ۋە ئەينى مەزگىلدە بۇ مەسىلىنىڭ ئۆزۈل- كېسىل ھەل قىلىنىشىنى بۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولغان باشقا مەسىلەر بىلەن باغلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈچۈن ناماقۇل بولغان تەكلىپنى ئىلگىرى سۈرمەكتە.

بۇنىڭغا ئوخشاش ھىيلىگەرلىكلەر ساددە ئادەملەرگە قارىتىلغان ۋە بۇ ھىيلىگەرلىكلەر دۇنيا جامائەتچىلىگىنى ئالداپ كېتەلمەيدۇ. بۇ يەردىكى مەخسەت بىرلا- خەلقلەرنىڭ نارازىلىقلىرىنى ئاجىزلاشتۇرۇشقا ۋە، ئاساسەن، نېيترون قۇرالىنى ئىشلەپ چىقىرىشتىن ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ۋاز كېچىشىدىن ئىبارەت بولغان بىردىن بىر توغرا چارىنى قوللانماسلىققا ئۇرۇنۇشتۇر.

ئەگەر ن.ئا.ت.ئو. ئەللىرى نېيترون قۇرالىنى ئىشلەپ چىقىرىشقا كىرىشىش يولىنى تاللىۋالسا، مۇنداق قارار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭغا مۇۋاپىق جاۋاپ بېرىش زۆرۈرىيىتىنى تۇغدۇرغان بولار ئىدى، چۈنكى بۇنى سوۋېت خەلقىنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ بىخەتەرلىگىنى تەمىنلەش مەنپىيەتلىرى تەلەپ قىلىدۇ. لېكىن س س س مۇنداق يول بىلەن مېڭىشنى خالىمىغان بولار ئىدى. يادرو قۇراللىرىنى بەس- بەسلىشىپ ئىشلەپ چىقىرىشنى ئۇلغايتىشتىن كۆرە، تاللىۋېلىشقا بولىدىغان باشقا يول موجۇتتۇر.

تاس س قا شۇ بايانىتنى ئېلان قىلىش ۋاكالەتلىگى بېرىلدىكى، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆز تەكلىۋىنى يەنە بىر قېتىم تەكىتلەيدۇ ۋە قوشما شتاتلارنى نېيترون قۇرالىنى ئىشلەپ چىقىرىشتىن ئۆز ئارا ۋاز كېچىشكە دەۋەت قىلىدۇ. سوۋېت ھۆكۈمىتى بۇ مەسىلە بويىچە قايسىلا مەزگىلدە بولمىسۇن مۇزاكىرە باشلاشقا ۋە مۇۋاپىق خەلق ئارا كېلىشىم تۈزۈشكە تەيياردۇر.

جانىجان دىياردا

ئاقتوبې شەھىرىدىكى يۈزلىگەن ياشلار شەھەردىكى قۇرۇلۇش ئوبيېكتلىرىدا ئەمگەك قىلماقتا. ياش ئىشچىلار تۆرت كۈن داۋامىدا ھەر خىل قۇرۇلۇشلاردا ئىشلەپ، بەشىنچى كۈنى ئوقۇش كومبىناتىدا بىناكارلىق سەنئىتىنى ئىگەللىمەكتە.

سۈرەتتە: «برىگانتىنا» برىگادىسىنىڭ ئەزالىرى (سولدىن ئوڭغا) ج. دۇزماخامبېتوۋا، ۋ. باخىنا ۋە ت. نوغمانوۋالار.

«كىچىك يەر» كىتاۋى قازاق تىلىدا

جۇمھۇرىيەتلىك «جازۋشى» نەشرىياتى يولداش ل. ئى. برېژنېۋنىڭ «كىچىك يەر» ناملىق خاتىرە كىتاۋىنى قازاق تىلىدا كۆپ نۇسخە بىلەن نەشر قىلدى.

ئەكسىگە كەلتۈرۈلمەكتە

چىمكەنت ئوبلۇسى ئالغاباس رايونى چايان يېزىسىنىڭ مەركىزىدىكى ئەسىر- ئەتىقىلەرنىڭ بىرى، يەنى 16- ئەسىردە قۇرۇلغان مەدرىسە بىناسىنى ئەكسىگە كەلتۈرۈش قولغا ئېلىندى.

ئالاھىدە نەقىشلەنگەن ۋە كەڭ مەيدانغا جايلاشقان مەزكۇر ئەسىر- ئەتىقە بىرمۇمىق ئىشلىتىلمەي قۇرۇلغان ئىنشائەتلەرنىڭ بىرى. ئۇنىڭ ئىمارەتلىرىنى ئەكسىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن بۇ ژىلى 180 مىڭ سوم خىراجەت ئاجرىتىلدى.

ئىتتىش ئىشلىرى ئۇشبۇ ئاپرېۋوگزالدا ئادا قىلىنىدۇ.

باھالار ئەرزەنلىتىلدى

س س س ر سودا مىنىسترلىگى بارلىق سودا ئورۇنلىرىدا 1978- ژىلى بىرىنچى مارتتىن باشلاپ سىرتقى كىيىم- كېچەك، ئاياق كىيىملەرنىڭ مەۋسۇملۇق تۈرلىرى، توقۇلغان بۇيۇملار، ژۇڭدىن ئىشلەنگەن رەخلەر، ئىچكى كىيىملەر ۋە پايپاقلار، شۇنداقلا ئېلېكتر ۋە سپورت تاۋارلىرىنىڭ، رادىيو ۋە مۇزىكا تاۋارلىرىنىڭ، ئوي- روزىغار، گالانتېرېيە، پارفيۇمېرىيە، كوسمېتىكا بۇيۇملىرىنىڭ بەزى تۈرلىرىنىڭ باھالىرىنىڭ ئەرزەنلىنىشى مۇناسىۋىتى بىلەن، مەزكۇر تاۋارلارنىڭ ماگازىنلاردا كۆپلەپ سېتىلىۋاتقانلىغىنى خەۋەرلىدى.

بۇ تاۋارلار مەخسۇس ماگازىنلاردا ۋە يەرمەنكىلەردە سېتىلماقتا.

ئەرزەن باھا بىلەن مال سېتىۋېلىش ئۆپەيلى ئاھالە 1،7 مىللىيارد سوم مىقداردا پايدا ئالغۇسى.

يېڭى ئاپرېۋوكزال

قازاقستان پايتەختىنىڭ مەركىزىي كوچىلىرىنىڭ بىرىسىدە شەھەرلىك ئاپرېۋوگزال ئىشقا چۈشۈرۈلدى. يولۇچىلار بۇ جايدىن خالىغان ۋاقىتتا بىلېت سېتىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە. ئۇلارنىڭ ژۈك- تاقلىرىنى رويىخەتكە ئېلىش ۋە ئۇلارنى ساموليوتقا چۈشۈش يولغا قويۇلغان.

بىزنىڭ مېھمانلىرىمىز

يېقىندا ئاۋغانىستاندا ئىستىقامەت قىلغۇچى ۋەتەنداشلىرىمىزدىن كۆشىر ئاشۇر ئوغلى ۋە تالاپ ئىسمائىل ئوغلى ئاتا ماكانى چىمكەنت ئوبلۇسى، چاردارا رايونىدا تۇرۇشلۇق تۇققانلىرىغا مېھماندارچىلىققا كەلدى. ئۇلار ئەل- ۋەتىنى زىيارەت قىلىپ، جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ پايتەختى ئالمۇتىغا قەدەم تەشرىپ قىلدى. قازاقستان «ۋەتەن» جەمئىيىتىدە مېھماندا بولدى. «بىزنىڭ ۋەتەن» گېزىتى خادىملىرى بىلەن سۆھبەتلەشتى ۋە ئاۋغانىستاندا ئىستىقامەت قىلىدىغان ۋەتەنداشلىرىمىزنىڭ سوغا- سالام، ئارزۇ- تىلەكلىرىنى يەتكۈزدى.

مېھمانلار پايتەختىمىزنى بىر قانچە كۈن ئارىلاپ، ئۇنىڭ كۆركەم پەزىلىتىنى، گۈزەل كوچا- مەيدانلار، ئىمارەتلەرنى، مەدەنىيەت مەھكىمىلىرىنى كۆردى.

سۈرەتتە: ئاۋغانىستانلىق مېھمانلار ئۇلۇق قازاق شائىرى ئاباي ھەيكىلى ئالدىدا.

مۇخبىر بىلەن سۆھبەت

قازاقىستان ئالىي بىلىم يۇرتلىرى

يېقىندا «بىزنىڭ ۋەتەن» گېزىتىنىڭ خادىمى ئومارغالى قۇدىشېۋ، قازاقىستان س س ر ئالىي ۋە مەخسۇس ئوتتۇرا مەلۇمات مىنىستىرلىگىدە بولۇپ، ئۇنىڭ ئالىي بىلىم يۇرتلىرى باشقارمىسى باشلىغىنىڭ مۇئاۋىنى، پەنلەر كاندىداتى ساكېن قارپىقوۋ بىلەن قازاقىستان ئالىي بىلىم يۇرتلىرى خۇسۇسىدا سۆھبەتلەشتى. تۆۋەندە سۆھبەتنىڭ قىسقىچە مەزمۇنىدىن ۋاقىپ قىلىمىز.

سوئال: جۇمھۇرىيىتىمىزدە ياشلارغا ئالىي مەلۇمات بېرىشتە ئونىنچى بەش ژىللىقنىڭ دەسلەپكى ئىككى ژىلىدا قانداق يېڭىلىقلار ژۈز بەردى؟

جاۋاپ: خوشال بولىدىغان ئۆزگىرىشلەر كۆپ. ئۇلارنى تەپسىلىي ئېيتىپ چىقىش ئۈچۈن ۋاقىت تارلىق قىلسا كېرەك. شۇڭلاشقا بەزى بىرلىرى ئۈستىدىلا توختىلايلى. كېيىنكى ئىككى ژىل ئىچىدە يېڭىدىن ئىككى ئالىي بىلىم يۇرتى ئېچىلدى. مەسىلەن، ئالمۇتىدا تۆمۈر يول ترانسپورتى مۇتەخەسسىسلىرىنى تەييارلاش ئىنستىتۇتى؛ قوستاناي ئوبلوسىغا تەۋە رۇدنىي شەھىرىدە ئېغىر سانائەت ئىنژېنېرلىرىنى يېتىشتۈرۈش بىلىم يۇرتى ۋۇجۇتقا كەلدى. بۇ ژىلى ئىيۇندا قازاقىستان پايتەختى ئالمۇتىدا تىياتىر سەنئىتى ئىنستىتۇتى ئېچىلماقچى. مەزكۇر ئالىي بىلىم يۇرتى، ئاساسەن، تىياتىر ۋە كىنو ئارتىستلىرىنى تەييارلايدۇ، شۇنداقلا تىياتىرلار ئۈچۈن رەسساملارنىمۇ يېتىشتۈرىدۇ. ئاندىن بۇ ئىنستىتۇت يېنىك سانائەت ساھالىرىدا ئىشلەيدىغان رەسساملارنى يېتىشتۈرۈشنىمۇ كۆزدە تۇتۇلماقتا.

سوئال: قازاقىستاندا نەچچە ئالىي بىلىم يۇرتى بار؟ ئۇلار جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ قايسى شەھەرلىرىدە؟

جاۋاپ: ھازىر قازاقىستاندا 51 ئالىي بىلىم يۇرتى موجۇت. ئۇلارنىڭ ئىككىسى دارىلفۇنۇن، ئىككى پولىتېخنىكا ئىنستىتۇتى.

ئالىي بىلىم يۇرتلىرىنىڭ تولىسى ئالمۇتا، جامبۇل، چىمكەنت، قاراغاندا، شەمەي شەھەرلىرىدە. مەسىلەن، ئالمۇتا ئۆزىدىلا 13 ئالىي بىلىم يۇرتى بار. ئۇلار قازاقىستان دۆلەت دارىلفۇنۇنى، قازاقىستان پولىتېخنىكا ئىنستىتۇتى، ئاباي نامىدىكى قازاق پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى، قۇرمانغازى نامىدىكى كونسېرۋاتورىيە، يېزا ئىگىلىگى ئىنستىتۇتى، قازاقىستان دۆلەت قىزلار پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى، چەت تىللار ئىنستىتۇتى ۋە ھاكازالار.

چىمكەنت شەھىرىدە بولسا، خىمىك-تېخنولوگلار يېتىشتۈرىدىغان ئالىي بىلىم يۇرتى بار. ئاندىن پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ۋە ئەل-فارابىي نامىدىكى مەدەنىيەت ئىنستىتۇتىدۇر. بۇنى پۈتتۈرۈپ چىققانلار ئومۇمىي يۈزلۈك مەكتەپلەردە مۇزىكا پەنلىرىدىن دەرىس ئېلىپ بارىدۇ، مەدەنىيەت سارايلىرىدا، كلۇبلاردا رېژىسسيور ۋە كىتاپخانا خادىملىرى بولۇپ خىزمەت قىلالايدۇ.

جامبۇل شەھىرىدە يېنىك ۋە ئوزۇق-تۈلۈك سانائىتى مۇتەخەسسىسلىرىنى تەييارلايدىغان بىر ئالىي بىلىم يۇرتى، سۇ قۇرۇلۇش ئىنژېنېرلىرىنى يېتىشتۈرىدىغان ئالىي بىلىم يۇرتى ۋە پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى بار بولۇپ، جەمئىي ئۈچ ئالىي بىلىم يۇرتى موجۇت. ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا دەرسلەر، ئاساسەن، قازاق ۋە رۇس تىللىرىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. پېداگوگىكا ئالىي ئوقۇش جايلىرىدا، ئاساسەن، قازاق مەكتەپلىرى ئۈچۈن مۇئەللىملەر تەييارلىنىدۇ. ئۇلاردا ماتېماتىكا، فىزىكا، بىولوگىيە قاتارلىق ئاساسىي پەنلەر قازاق تىلىدا ئوتىلىدۇ. دارىلفۇنۇنلارنى ئالساق، قازاقىستان س س ر تارىخى، قازاق تىلى ۋە ئەدەبىياتى قازاقچە ژۈرگۈزۈلىدۇ. قىزلار پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدا ئاساسىي پەنلەر تامامەن قازاق تىلىدا ئوقۇتىلىدۇ.

سوئال: چەت ئەللەردىكى ۋەتەنداشلىرىمىزنىڭ باللىرىنى قازاقىستان ئالىي ۋە مەخسۇس ئوتتۇرا بىلىم يۇرتلىرىغا قوبۇل قىلىش شەرت-شارائىتلىرى ۋە قائىدە-تەرتىپلىرى ھەققىدە نېمە ئېيتار ئىدىڭىز؟

جاۋاپ: بىزدە چەت ئەللەردىن كېلىپ ئوقۇپ ژۈرگەنلەر بار. قازاقىستان دۆلەت دارىلفۇنۇنىدا، كونسېرۋاتورىيەدە ۋە باشقا بىلىم يۇرتلىرىدا، جەزايىر خەلق دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتى بىلەن موڭغۇلستان خەلق جۇمھۇرىيىتىدىن كەلگەن ياشلار ئالىي مەلۇمات ئالماقتا.

شۇنى ئېيتىش لازىمكى، سوۋېت ئېلىدىكى بىلىم يۇرتلىرىغا چەت ئەل پۇخرالىرى، ئەگەر ئۇلارنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەلۇماتى بولسا، مىللىتى، ئىرقى، جىنسى ۋە دىنىي ئېتىقادىدىن قەتئىي نەزەر، قوبۇل قىلىنىدۇ. ئۇلار سوۋېت ياشلىرى قاتارىدا ھەقسىز ئوقۇتىلىدۇ. ياتاقخانا، ستىپېندىيە ۋە تىببىي ياردەم بىلەن تەمىنلىنىدۇ.

ئومۇمىي قائىدىگە بىنائەن چەت ئەللىك پۇخرالارنى مەملىكىتىمىزدىكى بىلىم يۇرتلىرىغا س س س ر ئالىي ۋە ئوتتۇرا مەلۇمات مىنىستىرلىگى ۋە س س س ر مىنىستىرلار سوۋېتى ھوزۇرىدىكى كەسپىي-تېخنىكا بىلىم يۇرتلىرى دۆلەت كومىتېتى قوبۇل قىلىدۇ.

چەت ئەللەردە ئىستىقامەت قىلىپ ژۈرگەن ۋەتەنداشلىرىمىزنىڭ باللىرىغا كېلىدىغان بولساق، «ۋەتەن» جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسىغا مۇۋاپىق ھالدا ئۇلارنى ئالىي ۋە مەخسۇس ئوتتۇرا بىلىم يۇرتلىرىغا قوبۇللاش مۇمكىن. «ۋەتەن» جەمئىيىتىنىڭ تەۋسىيەسى بويىچە ئوقۇشقا قوبۇل قىلىنغان ۋەتەنداش ياشلارغا ياتاقخانىدىن ئورۇن ۋە ستىپېندىيە بېرىلىدۇ.

كەسپىي-تېخنىكا ئۇچىلىشچىلىرىگە ۋە مەخسۇس ئوتتۇرا مەلۇمات بىلىم يۇرتلىرىغا سوۋېت مەملىكىتىدىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا (سەككىز ژىللىق) مەكتەپلەرگە مۇۋاپىق مەلۇماتقا ئىگە بولغان، 16 بىلەن 25 ياش ئارىلىغىدىكى چەت ئەللەردىكى ۋەتەنداش ياشلار قوبۇل قىلىنىشى مۇمكىن. كەسپىي-تېخنىكا ئۇچىلىشچىلىرىگە قوبۇل قىلىنغانلار تامامەن دۆلەت تەمىناتىدا بولىدۇ.

بىلىم يۇرتلىرىغا، ئەلۋەتتە، ساقبەدەن شەخسلەر قوبۇل قىلىنىدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ قولىدا، قازاقىستان تەۋەسىدە ئوقۇشى ئۈچۈن سالامەتلىكى يار بېرىدۇ، دېگەن مەخسۇس تىببىي ھۆججەتلىرىنىڭ بولۇشى شەرت. ئوقۇشقا چۈشمەكچى بولغانلار تۆۋەندىكى ھۆججەتلەرنى ئەۋەتىشى زۆرۈر: مەلۇماتى ھەققىدە شاھادەتنامىنىڭ نوتارىئۇس تەرىپىدىن تەستىقلەنگەن كۆچۈرمىسى، ئۇنىڭدا ئوتۇلگەن پەنلەر، ئىمتىھانلاردا ئالغان باھالىرى يېزىلىشى كېرەك، ئاندىن ساقلىقىنى تەستىقلەيدىغان تىببىي ھۆججەت، تۇغۇلغان ژىلى توغرىلىق گۇۋاھنامىنىڭ كۆچۈرمىسى، ئانكېتا، 6×4 سانتىمېتر كۆلەمدىكى فوتوسۈرەتى.

ژۇقۇرىدا كۆرسىتىلگەن ھۆججەتلەرنى ھەر ژىلى ئوقۇش باشلىنىش ئالدىدا ئىيۇن ئېيىدىن قالدۇرماي «ۋەتەن» جەمئىيىتى ئارقىلىق س س س ر ئالىي ۋە مەخسۇس ئوتتۇرا مەلۇمات مىنىستىرلىگىگە يوللاش لازىم. جەمئىيەتنىڭ ئادرېسى «بىزنىڭ ۋەتەن» گېزىتىنىڭ 4-بېتىدە كۆرسىتىلگەن.



ئاقتوبېدىكى №107 دۆلەت كەسپىي-تېخنىكا ئۇچىلىشچىسى ياشلاردىن ماھىر قۇرۇلۇشچىلار تەييارلايدۇ. مۇندا سەككىز يۈزدىن كۆپ كىشى ئوقۇيدۇ. ئۇلار تۈرلۈك قۇرۇلۇش مۇتەخەسسىسلىگىنى ئىگەللەپ چىقىدۇ. بۇ جايدا سوۋېت ياشلىرى بىلەن بىللە موڭغۇلستان خەلق جۇمھۇرىيىتىدىن كەلگەن ئوغۇل-قىزلار ئوقۇماقتا.

سۈرەتتە: ئېلېكتر تېخنىكىسىنىڭ مۇئەللىمى ئانتون تىرېنكېنشېۋ بىلەن ئۇنىڭ موڭغۇل شاگىرتلىرى: چولۇۋنباياجار ئورجىن، داۋا ئاسۈرەن ماگسار، ئوتگونبايار ئوديوم.

ئۇستادلار

ئالمۇتىدىكى جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر تىياترىدا ياش سەنئەتچىلەر بىلەن پېشقەدەم ئاكتيورلارنىڭ ئۇچرىشىشى ئۆتكۈزۈلدى. سەھنە سەنئىتىنىڭ ماھىرلىرىدىن مەزكۇر كوللېكتىۋنىڭ ھۇلىنى قۇرۇپ، ئۇنى تىكلەش ۋە تەرەققىي ئەتتۈرۈشتىن ئىبارەت شەرەپلىك ئىجادىي پائالىيەتكە بىباھا ھەسسە قوشقان ئۇستادلار ئۆزلىرىنىڭ جانجان دەرگاھىدا مېھماندا بولدى.

سەھنە تەنتەنىلىك بېزىتىلگەن. مېھمانلار ھۆرمەتلىك ئورۇنلارغا تەكلىپ قىلىندى. زالدا بولسا، سائىپخانلار ئولتۇرۇشتى. تىياتىر رېژىسسيورى شايىم شاۋايېۋ مەجلىسنى ئېچىپ، كېيىنكى ژىللاردا ئۇيغۇر تىياترىنىڭ كوللېكتىۋى ياش سەنئەتچىلەر ھېسابىغا تولۇقتۇرۇلغانلىقىنى تەكىتلىدى. ئۇلار ئالمۇتا ۋە تاشكەنت شەھەرلىرىدىكى سەنئەت بىلىم يۇرتلىرىنى تاماملىغان ئۇيغۇر ياشلىرىدۇر.

—بىزنىڭ بۈگۈنكى مېھمانلىرىمىز،— دېدى ش. شاۋايېۋ،— ئۇيغۇر سەھنە سەنئىتى

ئاۋات يېزىسىدى

ئۇيغۇر رايونى ئاۋات يېزىسىدىكى كىتاپخانا ئاھالە ئۈچۈن چوڭ مەدەنىيەت ئوچىغى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ مۇدىرى كامىلەم ھېيتاخۇنوۋا ئۆز پائالىيىتىنى كىتاپخانلارنىڭ يۈكسەك تەلەپلىرىنى مۇمكىن قەدەر كەڭ قانائەتلەندۈرۈش مەخسەتلىرىدە ئېلىپ بارىدۇ. كىتاپخانا فوندى ئالتە مىڭغا يېقىن بەدىئىي، ئاممىۋىي-ئىلمىي، شۇنداقلا ئۇرغۇنلىغان گېزىت-ژۇرناللاردىن ئىبارەت. ئۇلاردىن كولخوزچىلار- مېخانىزاتورلار، چارۋىچىلار، شۇنداقلا يېزا زىيالىيلىرى، مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى كەڭ پايدىلىنىدۇ. كىتاپخانىلار سانى ژىلدىن-ژىلغا كۆپەيمەكتە. پەقەت ئۆتكەن ژىلنىڭ ئۆزىدىلا كىتاپ ئې-

شىپالىق

ئالمۇتىدىكى «قاينار» نەشرىياتى پەقەت يېزا ئىگىلىك ماۋزۇلىرىدا كىتاپلارنى نەشر قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. 1977-ژىلى بۇ يەردە سادىق قاسىمانوۋنىڭ «قازاقنىڭ مىللىي تائاملىرى» ناملىق كىتاۋى نەشر قىلىندى.

بۇ كىتاپتا مال سويۇش، گوش پىشۇرۇش، ئاندىن مىللىي تائاملاردىن قورۇت، ئىرىمچىك،

«قىمىز بېتاپقا داۋا، ساقبەدەنگە كۈچ-قۇۋۋەت» دېگەن ئاقىن جامبۇل. قىمىز قازاق خەلقىنىڭ مىللىي غىزالىرى ئىچىدە ئەڭ ئېسىل، ئەڭ شىپالىق تائاملارنىڭ بىرى. ئادەتتە، سېغىلىدىغان بىيەلەرنى قازاقلار ساق بىيە، قىسىراق بىيە، قۇلۇق بىيە، دەپ ئۈچكە بولىدۇ. ساقا بىيە- بىر نەچچە قېتىم قۇلۇنلىغان، بۇرۇندىن سېغىلىپ كېلىۋاتقان بىيە. قۇلۇق- غونان، ياكى دونەن چېغىدا قۇلۇنلىغان بىيە. ئەندى قىسىراق بىيە، دەپ ئۆتكەن ژىلى قىسىر قالغان، لېكىن قۇلۇن ئورنىغا تاي ئېمىپ ژۈرگەن بىيىنى ئېيتىدۇ.

بىيە باغلاش چارۋىچىلار يازدا يايلاققا چىقىپ، ئوت-چۆپ ئۆسۈپ، ئوبدان يېتىشكەن مەزگىلدە باشلىنىدۇ.

يېڭى سېغىلغان بىيە سۈتىنى مۇزلاتماي سۈزۈپ، ئۇنى دەررۇ كۆپ، ياكى سابادىكى كونەلگە ئۈستىگە قۇيىدۇ. ئاندىن ئۇنى 30-40 مىنۇت داۋامىدا ئاغزىنى ھەم باغلاپ قويىدۇ. دەسلەپ قىمىز ئېچىتقاندا، بىيە سۈتى ساباغا مەخسۇس ھازىرلانغان كونەلگە ئۈستىگە، يە بولمىسا، قور (كوتا قىمىز) ئۈستىگە قۇيۇلىدۇ. كونەلگىنى، كۆپۈل-

ھەممىتى

نىڭ ئاساسچىلىرى بولۇپ، پۈتكۈل ھاياتى-
نى، تالانتىنى جانىجان تىياترىمىز تەرەققىيا-
تىغا بېغىشلىغان، زۇتقا كەڭ تونۇلغان ئۇس-
تادلاردۇر. ئۇلارنىڭ باي ئىجادى تەجرىب-
سى بىز ئۈچۈن چوڭ مەكتەپتۇر.

تالانتلىق ئاكتيور، قازاقستاندا خىزمەت
كۆرسەتكەن ئارتىست، ھاياتىنىڭ توقسەنىن-
چى باھارىنى كۆرۈش ھارپىسىدا تۇرغان
غۇلامخان جەللوۋ، ھاياجانلىق بىلەن مىن-
بەرگە چىقتى.

— بۇنىڭدىن 44 ژىل ئاۋال، 1934- ژى-
لى سېخى كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئالمۇ-
تىدا ئىنتايىن خۇشاللىق ۋاقىە يۈز بەردى،-
دېدى غۇلامخان ئاكا،—سوۋېت زېمىنىدا ئۇي-
غۇر خەلقىنىڭ كۆپ ئەسىرلىك تارىخىدا
دەسلەپكى كەسپىي تىياتر ئېچىلدى. بۈگۈن
قۇتلۇق سەھنىمىزدە دەقەمتە ئولتۇرغان
پېشقەدەم ئۇيغۇر ئاكتيورلىرى- قازاقستان
خەلق ئارتىستلىرى ئەخمەت شەمىيېۋ، مەخ-
پىر باقىيېۋ، جۇمھۇرىيىتىمىزدە خىزمەت

كۆرسەتكەن ئارتىستلار خېلچەم ئىلىيېۋا،
مىرخېلىل زەيناۋدىنوۋ، ئەخمەت سوپىيېۋلار
سەھنىمىز دۇردانىسى «ئانارخان» درامى-
سى بىلەن تىياترىمىز پەردىسىنى بىرىنچى
بولۇپ ئېچىشقا سازاۋەر بولغان. م. زەيناۋ-
دىنوۋ، ئە. شەمىيېۋ ۋە باشقىلار ئۇيغۇر
تىياترى بېسىپ ئۆتكەن چوڭ ئىجادىي يول،
ئۇنىڭ كوللېكتىۋى مۇرەككەپ سەھنە ئە-
سەرلىرىنى، جۈملىدىن، شېكسپىرنىڭ «ئو-
تېللو» پاجىەسى، گوگولنىڭ «ئويلىنىش»،
گولدونىنىڭ «مېھمانخانا ئىگىسى» كومېدى-
يەلىرى قاتارلىق جاھان دراماتورگىيە ئەمۇ-
نىلىرى ئۈستىدە قانداق ئىش ئېلىپ بارغا-
لىقى ھەققىدە ۋە ئۇزلىرىنىڭ باي ئىجادىي
تەجرىبىسى ھەققىدە تەپسىلىي سۆزلىدى.

ئۇستادلاردىن ئە. سوپىيېۋ، خ. ئىلىيېۋا-
لار ئۇزلىرىنىڭ ئىستىداتلىق ئىز باسارلىرىغا
سەممىي خاھىشلىرىنى ئىزھار قىلدى. مەز-
كۇر ئۇچرىشىش مۇقام كېچىسى بىلەن تا-
ماملىنىپ، ئۆزبەكستاندا خىزمەت كۆرسەت-
كەن ئارتىستكا خالىسخان قادىروۋا ۋە ئەل-
نەغمە غوپۇرجان قادىرھاجىيېۋلار مۇقاملار
ئوقۇدى.

...كى كىتاپخانا

لىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 600 دىن ئې-
شىپ كەتتى.

كىتاپخانا خادىملىرى ئاھالىنىڭ پائال
قاتنىشىشى بىلەن قىزىق كەچلەرنى، ئۇچرى-
شىشلارنى، جۈملىدىن ھەر خىل ماۋزۇلاردا
كونفېرېنسىيەلەرنى، ئەمگەك ۋە ئۇلۇق ۋە-
تەن ئۇرۇشىنىڭ مەردانىلىرى ت. مەسىموۋ،
غ. شاۋدۇنوۋ، ھ. ئازىنباقىيېۋ قاتارلىق مەر-
دانىلىرى، ۋە كۆپ بالا ئۆستۈرۈپ «قەھرى-
مان ئانا» پەخرىي ئۇنۋانىغا سازاۋەر بول-
غان ئانىلار بىلەن ئۇچرىشىشلارنى دائىملىق
ئۆتكۈزۈپ تۇرىدۇ. بۇنىڭغا ئوخشاش سە-
مىمىي سۆھبەتلەر، بولۇپمۇ ياشلارنى جان-
جان ۋەتەنگە قىزغىن مۇھەببەت باغلاش

رۇھدا تەربىيەلەشتە چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە
بولماقتا.

كۆزگە كۆرۈنگەن ئۇيغۇر شائىرلىرى،
ئاۋاتلىقلارنىڭ زۇتداشلىرى بولغان ھېزىم
ئىسكەندەروۋ ۋە ھېزىز ھېزىموۋلارنىڭ ئى-
جادىغا، شۇنداقلا يازغۇچى ج. بوساقوۋنىڭ
«يالقۇن» كىتاۋىغا بېغىشلانغان ئەدەبىي
كەچلەر كىتاپخانىلاردا چوڭ قىزىقىش ھاسىل
قىلدى. كىتاپخانا زالىدا بۇ يەردىكى «يىل-
تىز» كولخوزىنىڭ ئىختىسادىي ۋە مەدەنىي-
تىنىڭ يۈكسىلىشىنى كۆرسىتىدىغان دىئاگرام-
مىلار ۋە مەخسۇس تاختىلار بار. كىتاپخانا
پائالىيىتىنى دائىم جانلاندۇرۇشقا كولخوز
رەھبەرلىرى ۋە يېزا سوۋېتىنىڭ ئىجرائىي
كومىتېتى يېقىندىن ياردەم كۆرسىتىپ تۇ-
رىدۇ.

ئالمۇتا ئوبلۇسى.

قىمىز

سۈزمە، قېتىق تەييارلاش، نان، بوغۇرساق
پىشۇرۇش، قىمىز ۋە توگە قىمىزى- شۇبات
ئېچىتىش ھەققىدە مەلۇمات بېرىلىدۇ.
«بىزنىڭ ۋەتەن» گېزىتىنىڭ تۈركىيەدى-
كى گېزىتخانلىرىدىن دەرمېن تارباغاتايلىنىڭ
قىمىز ھەققىدىكى ئىلتىماسىغا جاۋابەن مەز-
كۇر كىتاپنىڭ قىمىز توغرىلىق بابىنى بىراز
قىسقارتىپ ھاۋالە قىلدۇق.

چە، سۈرلگەن جايا، قېزى ئارىلاشتۇرۇپ،
ئەگەر ئۇلار بولمىسا، سۆتكە خېمىرتۇرۇش
قوشۇپ تەييارلايدۇ.

قېدىمىي زاماندىن بۇيان قىمىز ئۈچۈن لازىم
بولغان قاچىلارنىڭ بىرى- قازاقنىڭ قارا سا-
باسى. ئۇ، پەقەتلا ئىلقا تېرىسىدىن ئىشلىنى-
دۇ. سابادا ئېچىتقان قىمىز، بىر تەرەپتىن،
تەملىك بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن سابا كو-
چۈپ- قونۇپ ژۈرگەن چاغلاردا ناھايىتى
ئەپلىك بولىدۇ.

سابا، تورسۇق تەييارلاش ئۈچۈن كۆپ
مىنىلمىگەن، يېغىر بولمىغان، سېمىز ئىلقىنىڭ
تېرىسى لازىم. ئۇنداق تېرە قىشچە ئوينىڭ
تورۇسىدا قۇرۇتۇلۇپ، ياز چىقىشى بىلەن
ياگلىۋاشتىن ئۆتىلىدۇ ۋە ئاندىن قۇرۇمغا
سېلىنىدۇ. سابا، تورسۇق تىكىدىغان ئۇستا،
ئالدى بىلەن تورۇستىكى قۇرۇم- كۈيىنى
سۈپۈرۈپ ئېلىپ، ئۇنى قاينىتىپ، ئاچچىق
چايدەك سۇيۇقلۇق تەييارلاپ، تېرىنى شۇ-
نىڭغا بېسىپ قويىدۇ. تېرە قارا- قۇرۇمدا
20—30 كۈن تۇرغاندىن كېيىن، ئىچكى قە-
ۋىتىدىكى مايدىن تازىلىنىدۇ. ئۇشبۇ ئۇسۇل

بىلەن ئەيلەنگەن تېرىنى جوغدىدىن ئېشلىگەن
ژېپتا كوكلەپ، ئىچىگە قوم تولتىرىلىپ، قو-
رۇتىدۇ. بابىغا يەتكەن سابا ئاغرىدەك دا-
راڭلاپ كېتىدۇ. شۇندىن كېيىن ئىلقىنىڭ
سۆرلەنگەن گوشىنىڭ ھەم قىمىزنىڭ مېيى بى-
لەن مايلىنىپ، ھەغدادىغا يەتكىدەك سىڭدۈ-
رىلىدۇ. شۇنداقلا سابا پۇختا- پىششىق بولىدۇ.
سابا تەييارلاش ئۇسۇلىنىڭ ئۈچىنچى باس-
قۇچى- ئۇنى ئىسلاش. ئۇنى ئويدىن ژى-
راغىراق، سۇغا يېقىن تاقىر يەردە ئىسلايدۇ.
ئىسلاش ئۈچۈن ياش تېۋىلغا ۋە زۇلغۇن
قالىنىپ ياخشىراق. بەزى ئۇستىلار سابا، تو-
رسۇققا خۇش ھىد بېرىش ئۈچۈن ئوتقا ئاز-
تولا ئارچا، كوك- چوپ تاشلايدۇ.

قىمىز بۇيۇملىرىنىڭ يەنە بىرى -كۆپ.
ئۇ خەلقىنىڭ ئولتۇرۇشلۇق شارائىتىگە لا-
يىقلاشقان. كۆپنىڭ ئاغزى تاراراق، تۈۋى
كەڭرەك بولۇپ، بۇ ئېرەن ياغىچىدىن يا-
سىلىدۇ.

قىمىزنىڭ بابىغا يېتىشى چېلىش ۋە سو-
رۇشقا باغلىق. پات- پات سوروپ، چېلىنغان
قىمىز تەمگە كىرىدۇ. چېلىنىپ سورىشى كام
قىمىز ئۇگۇرلىنىپ، سۈيى بىر بولەك، تىر-
پىسى بىر بولەك بولۇپ، ئۆزىنىڭ سۈپىتىنى
يوقىتىدۇ. كۆپرەك سورۇلغان قىمىز كۈچ-
لۈك ۋە ئىچىشكە تەملىك بولىدۇ. بال تېتى-
غان قىمىز، دېگىنىمىز موشۇ ئۇسۇلدا ۋايىغا
يېتىدۇ.

—قىمىزنىڭ ئۇغۇز قىمىز، سېرىق قىمىز،
تۇنگەن قىمىز، غونان، دونەن، بېستى قى-
مىز، ئاساۋ قىمىز، ساۋمال، قىسرىنىڭ قىمى-
زى، بال قىمىز، ۋە كەنجە قىمىز دېگەن تۈر-
لىرى بولۇپ، ئۇمۇمەن ئۇنىڭ زىگىرمە بەش
تۈرلۈك نامى بار.

غېنى باتۇر 75 ياشتا

يېقىندا قېرىنداش ئۆزبەكستانىنىڭ گۈزەل
پايتەختى تاشكەنت شەھرىنىڭ جامائەتچى-
لىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەھرىمان ئوغلى،
يالقۇنلۇق ۋەتەنپەرۋەر غېنى باتۇرنىڭ 75
ياشقا تولغان كۈنىنى تەنتەنىلىك خاتىرلەپ
ئۆتتى.

شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللىي ئا-
زاتلىق ئىنقىلاۋىغا يېتەكچىلىك قىلغانلارنىڭ
بىرى- غېنى باتۇرنىڭ تەرجىمە ھالى ۋە
قەھرىمانانە جاسارىتى ھەققىدە فىلولوگىيە
پەنلىرىنىڭ دوكتورى، پرافېسسور مۇرات
ھەمرايېۋ دوكلاد بەردى.

ئۆزبەكستان س.س.ر ئىجتىمائىي تەمىنات
مىنىستىرى ۋاسىلە سادىقوۋا، غېنى باتۇرنى
سەمىمىي تەبرىكلەپ، ئۆزبەكستان ھۆكۈمى-
تى تەرىپىدىن باتۇرغا ئۆمۈر باقى پەخرىي
پېنسىيە تايىنلانغانلىقى ھەققىدە ئېيتتى ۋە
باتۇرغا باھالىق ماددىي سوغىلار تاپشۇردى.

پېشقەدەم ئۇيغۇر يازغۇچىسى زىيا سە-
مەدىي:

—پەخرىمىز غېنى باتۇرغا بولغان ھۆر-
مەت- ئېھتىرام بىزنى زور شاتلىق- مەمنۇ-
نىيەت ئىلكىدە تەۋرىتىدۇ،- دېدى. ئاندىن
ئۇ، خەلق قەھرىمانى غېنى باتۇرغا قازاق-
ستاندىكى ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرى نامىدىن
تون كىيدۈردى.

تەنتەنىلىك ژىغىندا شائىرلار باتۇرنىڭ
ئادەم ئەقلى تاڭ قالارلىق غەيرەت- جاسا-
رىتىنى مەدھىيەلەيدىغان شېئىرلىرىنى ئوقۇپ،
مەجلىس ئەھلىنى مەھلىيا قىلدى.

ياش رەسساملاردىن ئابلىكىم ئىبرائىموۋ،
كۈرەش زۇلپىقاروۋلار باتۇرنىڭ ئوزلىرى
سىزغان رەسىمىنى سوغا قىلدى.

مەجلىس ئاخىرىدا ئۆزبەكستان رادىئوسى
ئۇيغۇر ئانسامبلى تەرىپىدىن چوڭ كونسېرت
كۆرسىتىلدى.

سۈرەتتە: غېنى باتۇرغا تون يېپىش پەيتى. (ئوڭدىن سولغا) ئۇيغۇر يازغۇچى-
سى زىيا سەمەدىي، غېنى باتۇر، ئالمۇتىدا چىقىدىغان «بىزنىڭ ۋەتەن» گېزىتى ۋەكى-
لى ئابدۇكېرىم راخمانوۋ ۋە ئۆزبەكستان س.س.ر ئىجتىمائىي تەمىنات مىنىستىرى ۋاسىلە
سادىقوۋالار.

باتۇر ھەققىدە قوشاقلار

دۈشمەنگە باش ئەگمىگەن،
قانخورلارنى چەيلىگەن.
تەختىن ۋەيران ئەيلىگەن،
غېنى باتۇر — قەھرىمان.

بەلنى مەھكەم باغلىغان،
كۈرەشلەردە تالمىغان،
ئۇيغۇر نامىن داڭلىغان،
غېنى باتۇر — قەھرىمان.

ئازاتلىقنى كۆزلىگەن،
ھەقىقەتنى سۆزلىگەن،
ئەلگە نىجات ئىزلىگەن،
غېنى باتۇر — قەھرىمان.

ئۇيغۇر ئوغلى ئوت ژۈرەك،
جەڭلەردە كېرىپ كوكرەك،
ئەلگە بولغان يار- يۆلەك،
غېنى باتۇر — قەھرىمان.

خەلقىمىز ئىپتىخارى،
غۇرۇرى، نومۇس- ئارى،
سىز تيان- شان شۇڭقارى،
غېنى باتۇر — قەھرىمان.

جاپاكەشنى دوست ئەتكەن،
ۋە كۆڭلىنى خۇش ئەتكەن،
داڭقى ئالەمگە كەتكەن،
غېنى باتۇر — قەھرىمان.

تاشپولات نامەتوۋ.

تاشكەنت شەھرى.

غېنىنى سولاپ قويدى
ئىلىدىكى جوزىگە.
يامۇلنى بۇزۇپ قاچتى
ھېچ تۇيدۇرماي يۈزىگە.

غېنى باتۇر ئوزى چاققان،
يامۇلدا تولا ياتقان.
پوغانلار قايناپ تېشىپ،
دۈشمەنلەرنى يوقاتقان.

غېنى ئاكامنى كوردۇڭمۇ،
مەرگەن بولۇپ ئاتقىنىنى.
دۈشمەنلەرنى كوردۇڭمۇ،
توشقان بولۇپ قاچقىنىنى.

ئالتە باتۇر ئىچىدە،
غېنى ئاكامدەك مەرگەن يوق.
مىڭ چېرىك بېسىپ كەلسە،
ئىلقا شەھرىنى بەرگەن يوق.

قازانلار قايناپ تاشقان،
گومىنداڭ ھەددىدىن ئاشقان.
غېنى باتۇر بېسىپ كەلسە،
سەددىچىنگە قاراپ قاچقان.

ئىلى يولى ھەيۋەتلىك،
ئىشكەن سۈيى شەربەتلىك.
دۈشمەنلەرنى يوقاتقان،
غېنى باتۇر غەيرەتلىك.

خەلق قوشاقلىرىدىن.

ھېكمەت قىرىماس

بىر شام كۆيۈپ بولغىچە، يۈز پەرۋانە كۆيىدۇ.

سائىب تەبرىزى.

دوستۇڭ قانچىلىك مېھرىۋان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا سىرىڭنى ئېيتمىغىن، چۈنكى دوستۇڭ دوستىغا ئېيتىشى مۇمكىن.

* * *

ياخشى سۆز بىلەن پىلنى قىلدا باغلاپ يېتىلەش مۇمكىن.

* * *

مېنىڭ ئۆمۈتلىرىم مېنىڭ بايلىقىمدۇر.

سەئدىي.

ئوتتى ناز چېغىدا ئوچەر، يالقۇنجاپ كەتسە جاھان كۆيدۈرەر.

فىردەۋسى.

* * *

سېنىڭ پاراستىڭ — سېنىڭ مۇھاپىزەتچىڭدۇر.

دېھلەۋى.

چېتى بار جەزىرە ئۇراق ئەمەس.

* * *

دوستۇڭنىڭ سىرىنى دۈشمەندىن يوشۇر.

* * *

ياۋۇزلارغا رەھىم قىلىش ياخشىلارنى ھالاك قىلىشتۇر.

تىل باشنىڭ مۇھاپىزەتچىسى.

سەئدىي.

مەڭگۈ ئۆلمىسەن، كۆلىدىغان كۆزۈڭگەمۇ كېلىدۇ.

جالالىدىن رۇمى.

كىشى پەقەت ھوسنى بىلەن ئەپىس ئەمەس، ئادەملىك جەۋھىرى بىلەن ئەپىستۇر، بەس.

خوسراۋ دېھلەۋى.

مەنسەپ بىلەن بەلەندەمەس ئادەم،
مەنسەپ ئادەم بىلەن مۆھتەرەم.

* * *

سەن ئادەم ئېكەنسەن، ئۆزگە ھەم ئادەم،
كامچىلىقسىز ئادەم بولمايدۇ ھېچ دەم.

ئابدۇراخمان جامى.

ئەقىل پادىشادۇر، بەكمۇ مېھرىۋان،
قويلارنى بورىدىن ئاسرىغۇچ چوپان.

* * *

نارۇز، تىلەك يولى مېھنەت ئېگىدە،
غەزىنىنىڭ مولى ھەم مېھنەت ئېگىدە.

ئابۇشۇكۇر بەلخى.

كەم ئەقىل يولىدىن ئۆۋرىسە، ئۇ كىشى-
ھېچ مەھەل بولمىغاي يامانلىقتىن نىشى.

* * *

تىلگىنى سۆزلەشكە ساز، مۇھەييا قىل،
تىلگىنى ئوق قىلدە، ئەقلىنى ياقىل.

ئەقىلسىز باش — جانسىز تەندۇر.

ئابدۇلقاسىم فىردەۋسى.

قۇياشلىق ئۆپۆقتا زىيان بولۇر، بىل،
كىشى دانا بولسا، دەريا بولۇر، بىل.

* * *

ياشلىق، تەلۇلكنى چاقار بېشىگەدىن،
ئاناڭ خىزمىتىدە بولغىن بېشىگەدىن.

* * *

دانا سوھبەت دەمى ئەرزەر جاھانغا،
يۈز نادان ئەرزىمەس بىر بۇردا نانغا.

ناسىر خىسراۋ.

كىمدىكى ئەقىلدىن بىرەر سەتر بار،
ئۆمۈر دەقىقىسىن ئۆتكەزمەس بېكار.

ئۆمەر ھايىيام.

بۇلۇت ئىغلىمىسا، چىمەن كۈلمەيدۇ،
بالا ئىغلىمىسا، ئانا بىلمەيدۇ.

جالالىدىن رۇمى.

ياخشىدۇر كەتمەستىن ئۇشبۇ جاھاندىن،
ئەقلىڭ خالاس بولسا، ھەر پۇشايماندىن.
قىلالمەيسەن قولدىن كەلگەنني ئەتە،
پايدىلىنىپ قالغىن، بۈگۈن ئىمكاندىن.

ئابۇ ئەلى ئىبىن سىنا.

توغرا ئويلاپ، توغرا ئۆزگەن ھەر كىشى،
بىلگىنكى، ئادىلدۇر ئۇنىڭ ھەر ئىشى.

خوسراۋ دېھەۋىي.

ئىشقا ياراپ قالسا ئىلمىڭ بىر مۇددەت،
يەنە ئاشۇرماققا ئەيلىگىن شىددەت.

* * *

چىن ئالىم ھېيلىدىن ئۇزاقتۇر — ئۇزاق،
ئۇرنىڭ ئىز سايىسى بولمايدۇ ھېچ ۋاق.

خوسراۋ دېھلەۋىي.

كىتاپتىن ياخشىراق دوست يوق جاھاندا،
غەمخورىڭ بولغاي ئۇ غەملىك زاماندا.
ئۇ بىلەن قال تەنھا، ھېچ بەرمەس ئازار،
جېنىڭغا يۈز راھەت بەرگۈسى تەكرار.

* * *

مېۋىسىز شاخ بېشىن كوترىدۇ تىك،
مېۋىلىك شاخ بېشى سالامغا ئېگىك.

ئابدۇراخمان جامىي.

ناداندىن ئالىدۇ ھەتتا تاغۇ — تاش،
نادانغا ھېچ ئىنسان بولمايدۇ يولداش.

* * *

يېرىمىز، سۈيىمىز، پەرزەندىمىز دەپ،
خوتۇن، بالا — چاقا، دىلبەندىمىز دەپ،
بىرمۇ — بىر جېنىمىز قىلىمىز پىدا،
ۋەتەننى دۈشمەنگە بەرمەيمىز ئەسلا!

ئابۇلقاسىم فىردەۋسىي.

چەت ئەللەردە

كابۇلدىن بېرىلگەن ئەخباراتلارغا ئاساسەن مەركىزىي سوۋېت گېزىتلىرىدە خەۋەر قىلىنىشىچە، ئاۋغانىستاندا ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خۇسۇسىدا كەڭ چارە — تەدبىرلەر كورۇلمەكتە. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ھازىر مەزكۇر ئەلدە 2500 دىن ئارتۇغراق مەخسۇس كۇرسلار ئېچىلغان. ئۇلاردا ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش ۋە يېزىش ئۇستىدە ساۋاتىنى چىقارماقتا. كارخانە ۋە يېزا ئېگىلىك كوئوپېراتىۋلىرىدە ئۇيۇشتۇرۇلغان بۇ كۇرسلارنى، ئاۋغانىستاننى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتىن تەرەققىي ئەتكۈزۈشنىڭ يەتتە يىللىق پلانىنى ئورۇنلىنىشىغا قەدەر، سەكسەن مىڭدىن كۆپەرەك ئاۋغانىستانلىقلار پۈتتۈرۈپ چىقماقچى.

چاقرىقنى ئىمزالاش

ئالتە يېرىم مىللىونغا قەدەر ياپونلۇقلار بىرلەشكەن مىللەتلەر تەشكىلاتى باش ئاسسامبلېيەسىنىڭ مەخسۇس سېسسىيەسىگە يوللانغان چاقرىقنى ئىمزالىدى. چاقرىقتا ئۇلار يادرو قوراللىنى تولۇق مەنئىي قىلىشنى تەلەپ قىلماقتا.

Бәшинчи дәрис

1. ئۇ سوزۇق تاۋۇش ھەرپلىرىنىڭ ئىملاسى.

(يەنى لاتىن ئىملاسىدىكى U. Y ئەرەپ ئىملاسىدا بىرلا ئۇ، ھەرپى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ)

У. Ү созуқ тавуш һәриплиринин имласи.

U. Y sozuq tavuş hərplirinin imlasi.

ئۇ ھەرىپى قېلىن بوغۇملۇق سوزلەرنىڭ ھەممە بوغۇملىرىدا يېزىلىدۇ: بۇلاق، بۇلبۇل، ئۇلۇق.

ئۇ ھەرىپى ئىنچىكە بوغۇملۇق سوزلەرنىڭ ھەممە بوغۇملىرىدا يېزىلىدۇ: گۈل، ئۈنلۈك، ئۈزۈم.

У һәрипи қелин боғумлуқ сөзләрнинң һәммә боғумлирида йезилиду: булақ, булбул, улуқ.

Ү һәрипи инчикә боғумлуқ сөзләрнинң һәммә боғумлирида йезилиду: гүл, үнлүк, үзүм.

U hərpi qelin boƣumluq sөzlərnin həmmə boƣumlirida jezilidu: bulaq, bulbul, uluq.

Y hərpi inçikə boƣumluq sөzlərnin həmmə boƣumlirida jezilidu: gyl, ynlyk, yzym.

2. كونۇكمە ئۈچۈن بېرىلگەن جۈملىلەرنى كوچۈرۈپ، كوپ چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا تېگىشلىك ھەرپلەرنى يېزىڭلار:

1) ئۈمۈت د... كاندىن قۇلۇپ سېتىۋالدى.
2) مەن ... يغۇر تىلىنى ئۆگىنىۋاتىمەن.
3) گۈلس... م گۈلگە سۇ ق... يدى.

Көнүкмә үчүн берилгән җүмлиләрни көчирип, көп чекитләрнинң орниға, тегишлик һәрипләрни йезиңлар:

1) Үмүт д...кандин қулуп сетивалди.
2) Мән ...йғур тилини үгиниватимән.
3) Гүлс...м гүлгә су қ...йди.

Kөnykmə ycyn berilgən çymlilərni kөcirip, kөp cekitlərnin ornida tegişlik hərplərni jeziŋlar:

1) Ymyt d...kandin q...lup setivaldi
2) Mən ...jƣur tilini yginivatimən
3) Gyls...m gylgə su q...jdi.

Елипбә мәшғулати

ئېلىپبە مەشغۇلاتى

Уйғур елипбаси: Басмичә	Уйғур елипбаси: Язмичә	Латинчә	Әрәпчә	Уйғур елипбаси: Басмичә	Уйғур елипбаси: Язмичә	Латинчә	Әрәпчә
А а	А а	A a	ئا	Ө ө	Ө ө	Ө ө	ئۆ ۆ
Ә ә	Ә ә	Ə ə	ئە	П п	П п	P p	پ پ
Б б	Б б	B b	ب ب	Р р	Р р	R r(г)	ر
В в	В в	V v	ۋ	С с	С с	S s	س
Г г	Г г	G g(g)	گ	Т т	Т т	T t	ت ت
Ғ ғ	Ғ ғ	Ƣ ƣ	غ غ	У у	У у	U u	ئۇ ۇ
Д д	Д д	D d	د	Ү ү	Ү ү	Y y	ئۈ ۈ
Е е	Е е	E e	ئې ې	Ф ф	Ф ф	F f	ف ف
Ё ё	Ё ё		يو	Х х	Х х	X x	خ
Ж ж	Ж ж	Ƶ ƶ	ژ	Һ һ	Һ һ	H h	ھ
Җ җ	Җ җ	Ç ç	ج	Ц ц	Ц ц		تس
З з	З з	Z z	ز	Ч ч	Ч ч	C c	چ
И и	И и	I i	ئى ى	Ш ш	Ш ш	Ş ş	ش
Й й	Й й	J j	ئي ي	Щ щ	Щ щ		
К к	К к	K k	ك	Ь ь	ь		
Қ қ	Қ қ	Q q	ق	Ъ ъ	ъ		
Л л	Л л	L l	ل	Ы ы	ы		ئى ى
М м	М м	M m	م	Э э	Э э	e	
Н н	Н н	N n	ن ن	Ю ю	Ю ю		يۇ
Ң ң	Ң ң	Ŋ ŋ	ڭ	Я я	Я я		يا
О о	О о	O o	ئو و				

تەھرىر ھەيئىتى

تەھرىراتنىڭ ئادرېسى: 480091، ئالمۇتا شەھىرى، فۇرمانوۋ كوچىسى، 88. تېلېفونلار: 35-43-62، 32-60-62. گېزىت ھەپتىدە بىر قېتىم نەشىر قىلىنىدۇ. ئىندېكس 78877